# شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 12 ـ ئاي
4
جۈمە
维吾尔文 12 月4日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65-0002/-W
新疆日报网: www.xjdaily.com

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57  ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com  25265 ـ سان  بۈگۈن 4 بەت


# شى جىنپىڭ چىڭخۇا داشۆسى ئىگىلىك باشقۇرۇش شۆيۈەنى مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ 2020 ـ يىللىق يىغىنىغا سۆز قىلىپ، كومىتېت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلىدى



12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، چىڭخۇا داشۆسى ئىگىلىك باشقۇرۇش شۆيۈەنى مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ 2020 ـ يىللىق يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى. دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ سىن ئارقىلىق يىغىنغا سۆز قىلىپ، مەسلىھەتچىلەر كومىتېتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلىدى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى جۇ پېڭ فوتوسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** چىڭخۇا داشۆسى ئىگىلىك باشقۇرۇش شۆيۈەنى مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ 2020 ـ يىللىق يىغىنى 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى بېيجىڭدا ئې-
چىلدى. دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ سىن ئارقىلىق يىغىنغا سۆز قىلىپ، مەسلىھەتچى-
لەر كومىتېتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.
شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېڭى تېپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ھېلىھەم پۈتۈن يەر شارىدا يامراپ، دۇنيا ئىقتىسادىغا ئېغىر زەربە ئېلىپ كەلمەكتە، خەلقئارا
(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىن ئاچتى

# نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى خۇلاسىلەش، باھالاش دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتتى

## جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومى-
تېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى يىغىن ئاچتى، يىغىن-
دا، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى خۇلاسىلەش، باھالاش دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى. جۇڭگو كوممۇ-
نىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا رىياسەت-
چىلىك قىلدى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى.
شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاق-
لاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇل-
دۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى دۆ-
لەتنى ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈ-
زۈشتىكى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، پار-
تىيەنىڭ رەھبەرلىكى ۋە دۆلىتىمىز سوتسى-
يالىزم تۈزۈمىنىڭ سىياسىي ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، نۇرغۇن ئىجا-
دىي خاراكتېرگە، ئۆزگىچىلىككە ئىگە مۇھىم، زور تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئىنسا-
نىيەت تارىخىدىكى كۆلىمى ئەڭ زور، سالمىقى ئەڭ كۈچلۈك بولغان نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى تەشكىللەپ يولغا قويدى. سەككىز يىل سىجىل كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، بىز يېڭى دەۋردىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇ-
رۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىسىنى قەرەلىدە تاماملىدۇق، ھازىر-
قى ئۆلچەم بويىچە يېزىلاردىكى نامرات نوپۇسنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن قۇتۇل-
دى، نامرات ناھىيەلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ نامراتلىق قالپىقى ئېلىۋېتىلىپ، مۇتلەق نامراتلىق ۋە رايون خاراكتېرلىك ئومۇمىي نامراتلىق تۈگىتىلىپ، 100 مىليونغا يېقىن نامرات نوپۇسنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇ-
رۇش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، پۈتۈن دۇنيا يې-
گىچە نەزەر بىلەن قارايدىغان مۇھىم، زور غەلىبە قولغا كەلتۈرۈلدى.
شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ مۇھىم، زور غەلىبىسى بىرىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا پۇختا ئاساس سېلىپ،
(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يولداش جوۋ يۇڭكاڭ، جاڭ گۇيمېيغا ۋە يولداش يۈ خەيجۈن، لى شيا، لۇ يۇڭگېن، جاڭ شياۋجۈەن، جاسارەت مەخسۇتقا «مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى» دەپ نام بېرىش ۋە تولۇقلاپ نام بېرىش توغرىسىدىكى قارارى

(2020 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى)

«ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى جەريانىدا، ھەرقايسى جايلار-
دا زور بىر تۈركۈم غايە ـ ئېتىقادىدا چىڭ تۇرغان، يۈكسەك پەللىنى ساقلىغان، ئەسلىي مەقسەت، بۇرچتا چىڭ تۇرغان، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىسىگە ئېلىپ نەتىجە ياراتقان پارتىيە ئىچىدىكى ئىلغار تىپلار بارلىققا كەلدى. باش تېما تەربىيە-
سىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىلغارلارنى تەقدىر-
لەش، توغرا كەيپىياتنى ئەۋج ئالدۇ-
رۇش، ئىلغار تىپلارنىڭ ئۈلگىلىك يې-
تەكچىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇ-
رۇش، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار-
نى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى سادىقلىق بىلەن ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىسىگە ئېلىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە رىغبەتلەندۈرۈش ۋە يېتەكلەش ئۈچۈن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يولداش جوۋ يۇڭكاڭ، جاڭ گۇيمېيغا ۋە يولداش يۈ خەيجۈن، لى شيا، لۇ يۇڭگېن، جاڭ شياۋجۈەن، جاسارەت مەخسۇتقا «مەمل-
كەتلىك مۇنەۋۋەر كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى» دەپ نام بېرىش ۋە تولۇقلاپ نام بېرىشنى قارار قىلدى.
جوۋ يۇڭكاڭ، ئەر، خەنزۇ، سىچۈەن باجۇڭدىن، 1928 ـ يىلى 3 ـ ئايدا تۇغۇلغان، 1945 ـ يىلى 8 ـ ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، شۇ يىلى شۇ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن، سىچۈەن ئۆلكىسى داشيەن ۋى-
لايەتلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ سابىق مۇ-
ئاۋىن شۇجىسى بولغان، 1991 ـ يىلى 6 ـ ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. يولداش جوۋ يۇڭكاڭ بىر ئۆمۈر پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىپ، باشتىن ـ ئاخىر كوممۇنىستلارنىڭ ئەسلىي مەقستى، بۇرچىنى چىڭ ساقلاپ، ئەمە-
لىي ھەرىكىتى ئارقىلىق «پارتىيەگە ئۆ-
مۈرلۈك ئەگىشىش»تىن ئىبارەت ھېكە-
مەتلىك سۆزنى ئەمەلىي ھەرىكىتىدە كۆرسەتكەن. ئۇ پارتىيە ئىشلىرىغا چەكسىز سادىق بولۇپ، ئازادلىقتىن ئىلگىرى ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي شىمالىي سىچۈەن رايونىدا پار-
تىيەنىڭ يەر ئاستى خىزمىتى بىلەن شۇ-
غۇللانغان، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەيلى ئىش ئورنىدا بولسۇن ياكى دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن بولسۇن،
(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

# ئالدىنقى ئون ئايدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پاتېنت ھوقۇقى بېرىش مىقدارى 50%كە يېقىن ئاشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز رېن خۇاڭ ئاپتونوم رايونلۇق بازار نازا-
رەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى (بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئىدارىسى)دىن ئې-
گىلىشىچە، 1 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە، ئاپ-
تونوم رايونىمىزدا ھوقۇق بېرىلگەن پاتېنت 10 مىڭ 421 بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 49.43% ئاشقان، ئۇنىۋېرسال كەشپىيات پاتېنتى جەمئىي 5707 بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 6.8% ئاشقان.
بۇ يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونى-
مىز بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى «يارىتىش، قوللىنىش، قوغداش، باشقۇرۇش، مۇلا-
زىمەت قىلىش»تىن ئىبارەت بەشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇپ، «بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداشنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى» «پاتېنت مۇكاپاتىنى باھالاش ـ مۇكاپات-
لاش چارىسى» قاتارلىق بىر قاتار ھۆج-
جەتلەرنى بېسىپ تارقاتتى. شىنجاڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئاممىۋى مۇلازىمەت سۇپىسىنى ئاچتى، قاراماي دۆلەت بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش مەركىزىنى قۇرۇپ چىقتى، ئۈرۈمچى شەھىرى 2020 ـ يىلى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى تىجارەت مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىدىكى نۇقتىلىق شەھەر قاتارىغا كىردى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى ئىشلىتىش، قوغداش سەۋىيەسى كۆرۈنەر-
لىك ئېشىپ، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يا-
رىتىش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۈچۈن ياخشى تىجارەت ـ سودا مۇھىتى يارىتىلدى.
نۆۋەتتە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا ئىلتىماس قىلىنغان ۋە ھوقۇق بېرىلگەن جەمئىي پاتېنت مىقدارى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا «12 ـ بەش يىل» مەزگىلدىكىنىڭ 1.71 ھەسسىسى، 1.75 ھەسسىسىگە يەتتى؛
(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

# ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى دائىمىي يىغىنى قانۇنچىللىققا ئائىت مەخسۇس تېمىدا لېكسىيە ئۆتكۈزدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز يۈەن لېي خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆ-
ۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى دائىمىي يىغىنى قا-
نۇنچىللىققا ئائىت مەخسۇس تېمىدا لېكسىيە ئۆتكۈزدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر رىياسەتچىلىك قىلدى.
ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇل-
تىيى قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىر ئەزاسى، دائىمىي كومىتېت قانۇن-
چىلىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى لى جۈەن «ئاساسىي قانۇن روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇش قانۇنچىل شىنجاڭ قۇرۇش» مەخسۇس تېمىسىدا لېكسىيە سۆزلەپ، ئاساسىي قانۇننىڭ دۆلەتنىڭ تۈپ چوڭ قانۇنى ئىكەنلىكى، ئاساسىي قانۇندا دەۋر ئالاھىدىلىكىنىڭ ئەكس ئەتكەنلىكى ھەم ئاساسىي قانۇن روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇش، قانۇنچىل شىنجاڭ قۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىن سىستېمى-
لىق شەرھلىدى ۋە چۈشەندۈردى.
(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

## ئاساسىي قانۇن روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، قانۇنچىل جۇڭگو قۇرايلى

— 7 ـ قىتىملىق دۆلەت ئاساسىي قانۇن كۈنى يېتىپ كېلىش پەيتىدە

»» 4 ـ بەتتە

يېڭى باشلىنىش  يېڭى مۇساپە

## چېن چۈەنگو تۇرپاندا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

# دائىملاشقان يۈقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، «13 ـ بەش يىل»نى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاش، «14 ـ بەش يىل»نى ئىلمىي پىلانلاش كېرەك



12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو تۇرپان شەھىرىگە بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. سۈرەتتە: چېن چۈەنگو تۇرپان شەھىرى ئوۋبەي ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى چەكلىك شىركىتى ئېلېكترونلۇق سودا مۇلازىمەت پونكىتىدا، كارخانىنىڭ مەھسۇلات سېتىش ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولۇش قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى ئىگىلىمەكتە. □ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز سۈي جىجيەن فوتوسى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو تۇرپان شەھىرىگە بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ مۇ-
نۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيە 19 ـ نۆۋەت-
لىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يى-
غىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپ-
مۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆ-
زىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردى-
كى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇ-
رۇپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئى-
يەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، «13 ـ بەش يىل»نى مۇ-
ۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ، «14 ـ بەش يىل»نى ئىلمىي پىلانلاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.
تۇرپان شەھىرى ئىدىقۇت رايونلۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزىدە، چېن چۈەنگو نۇكلېئىك كىس-
لاتاسىنى تەكشۈرۈش مەركىزىنىڭ كۈندىلىك
(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# لىنىيەنى تۇتاشتۇرۇپ تور ھاسىل قىلىش  قاتناش ئارقىلىق جاھاننى تۇتاشتۇرۇش

## شىنجاڭنىڭ «13 ـ بەش يىل»ىغا نەزەر

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لۇ فېڭباۋ

11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى سائەت 17دە، 106 ئۈستى ئوچۇق ۋاگونغا لىق كۆمۈر قاچىلانغان 10158 ـ قېتىملىق پويىز خۇڭلىيۇخې ـ نوم تۆمۈريولىنىڭ نوم ۋوگزالىدىن ئاستا ـ ئاستا يولغا چىقىپ، چېگىدۇغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى، بۇ، خۇڭلىيۇخې ـ نوم تۆ-
مۈريولىدا بۇلتۇر قاتناش باشلانغاندىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئۈستى ئوچۇق ۋاگون-
دا كۆمۈر توشۇلۇشى.
«13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، شىنجاڭ «شىنجاڭنىڭ ئىچىنى ھالقىسمان تۇتاشتۇرۇش، شىنجاڭغا كىرىپ ـ چىقىشنى تېزلىتىش» نىشانىنى چۆرىدەپ، قاتناش ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى سالمىقىنى زورايت-
تى، قاتناش ئۇل ئەسلىھە تورى تېزدىن شەكىللەندى، چېگرادىن كىرىپ ـ چىقىش،
(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)